# ئەر ئايالـىنى ئۆيدە يالغۇز ۋاقتىـدىمۇ ھىجابلىـنىـشقا بۇيرۇيدۇ

[uyghur-ئۇيغۇرچە-الأويغورية]

پەزىلەتلىك شەيخ مۇھەممەد سالىھ ئەلمۇنەججىد

تەرجىمە قىلغۇچى: ن.تەمكىنى

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: ن.تەمكىنى

نەشىر ھوقۇقى مۇسۇلمانلارغا مەنسۇپ

2011 - 1432

IslamHouse.com

# ﴿ يأمر زوجته بالحجاب ولو كانت في البيت وحدها ﴾

«باللغة الأويغورية»

فضيلة الشيخ محمد صالح المنجد

ترجمة: ن. تمكيني

مراجعة: ن. تمكيني

حقوق الطبع والنشر لكل مسلم

2011 ـ 1432

IslamHouse.com

## ئەر ئايالـنـى ئۆيـدە يالغۇز ۋاقتـىـدىـمۇ ھـىجابلـىـنـىـشقا بۇيـرۇيـدۇ

152986ـ سوئال

سوئال:

يولدىشىم مەندىن ئۆي ئىچىدىمۇ ھىجابلىنىشىمنى تەلەپ قىلىدۇ، ئۆي ئىچىدە ھىجابلىنىشىمنى بولسا ئىمانىنىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىسى ۋە ئۆيىمىزگە بەرىكەت بولىدۇ دەپ قارايدۇ. ئۇنىڭ كۆزقارىشىچە ئۇخلايدىغان ياكى يۇيۇنىدىغان ۋاقىتتىن باشقا ۋاقىتلاردا مەن ئۆيدە يالغۇز بولسامۇ ھىجابلىنىشىم كېرەك ئىكەن. ئەگەردە بۇنى ئىسلامدا بۇيرۇغان بولسا مېنىڭ باش ئەگمەسلىككە ھەددىم ئەمەس، ئەمما ئۆيۈمدە ئېرىم ئۈچۈن چىرايلىق ياسىنىپ-جابدۇنۇپ ئولتۇرۇشنى ئارزۇ قىلىمەن. ئۆي ئىچىدە ھىجابلىنىش بەرىكەتكە سەۋەب بولامدۇ؟ ئەگەر ئۆي ئىچىدە ھىجابلانمىسام گۇناھكار بولامدىم؟ شۇنداقلا ئاللاھ رازىلىقىنى كۆزلەپ يولدىشىمنى رازى قىلىشىممۇ ئىنتايىن مۇھىم، يۇقىرىقىدەك ئەھۋال ئاستىدا قانداق قىلىشىم كېرەك؟ بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

جاۋاب:

بارلىق ھەمدۇ-سانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى جانابى ئاللاھقا خاستۇر.

شەرىئەت ئەھكام ۋە ئەخلاقلىرىدا ئاياللار ئۆيىدە ئۆزى يالغۇز ۋاقىتتا ھىجابلىنىشقا بۇيرۇلغانلىقىنى بىلمەيمىز. يولدىشىڭىزنىڭ دىنى غۇرۇرىغا

رەھمەت ئېيتىلسىمۇ، ئەمما بۇ مەسىلىگە ناھايىتى قاتتىق ئۆلچەم قويۇشى شەرئەت ۋە ئىنسانى پىترەتكە ئۇيغۇن ئەمەس. ئاللاھ تائالا ئىنسانلار قەلبىنى گۈزەللىككە ئىنتىلىدىغان ۋە زىننەتلىنىشنى ياخشى كۆرىدىغان قىلىپ ياراتتى. شۇنداقلا ئايالنىڭ ئېرىغا ياسىنىشى ۋە پەردازلىنىشىغا ئوخشاش كۆپلىگەن ئىشلارغا رۇخسەت قىلدى. بۇنىڭغا ئوخشىغان ئىشلار ئەرنىڭ ئايالىغا مايىل بولىشى ۋە سۆيگۈ مۇھەببەتلىك تۇرمۇشنىڭ بارلىققا كېلىشىدىكى ئاساسلىق ئامىلدۇر.

مەناۋىي رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ:

ئايالنىڭ ئەر ئۈچۈن خۇشبۇيلارنى ئىشلىتىشى ۋە چىرايلىق كىيىنىشى ياخشى كۆرۈلىدىغان ۋە ئايالنىڭ ئەر ئۈچۈن قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلىرىدىن بولۇپ، بۇ ھەقتە بەزى ئەھلى-ئىلىملەر مۇنداق دېگەن: " ئايالنىڭ ئەر ئۈچۈن زىننەتلىنىشى ۋە خۇشبۇيلارنى ئىشلىتىشى، ئەر-ئايال ئارىسىدا ئامراقلىق ۋە مۇھەببەتنى بەرپا قىلىدىغان ئەڭ كۈچلۈك سەۋەبلەردىندۇر. كۆز قەلبنىڭ يولباشچىسى، ئەگەر كۆز گۈزەل مەنزىرە ۋە چىرايلىق نەرسىلەرنى كۆرسە شۇ ھامان قەلبگە يېتىدۇ-دە، قەلبتە ياخشى كۆرۈش بارلىققا كېلىدۇ. ئەگەر قەبىھ مەنزىرە ياكى سەت كىيىم-كېچەككە كۆزىڭىز چۈشسە، شۇ ھامان قەلبتە يامان كۆرۈش ياكى ئۇنىڭدىن يىراقلىشىش ئىستىكى تۇغۇلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەرەب ئاياللىرى بىر-بىرىگە: "يولدىشىڭنىڭ كۆزىگە گۈزەللىك

هالـەتتـە كـۆرۈنگـەن ۋە سـەندىن گـۈزەل ھـېـدلارنى ھـېـدلـىسۇن" دېگەن مـەزمـۇندىكى نەسـىـھـەتلـەرنى قـىلـىشاتتى. [پەيزۇل قەدىر 3-توم 190-بەت].

ئاياللارنىڭ ئۆيـىدە ۋە ئېرى بىلـەن بىرگـە ئولتۇرغاندا ھـىجابلـىنـىشى، ئاياللـىنـىڭ كـۆپلـىگەن زىـنـنـەت ۋە گـۈزەلـلـىكلـىرىنى توسۇپ قالـىدۇ.

شۇبھـىسىزكى ئىسلام شەرىئىتى ئاياللارنىڭ ئەرلىرى ئۈچۈن ياسىنىشى ياكى پەردازلىنىشىنى ياخشى دەپ قارايدۇ. ئاياللار تەبىئىتى ياسىنىشنى ياخشى كۆرۈش ۋە گۈزەللىككە ئىنتىلىش خاراكتېرىگە ئىگىدۇر. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار ئاللاھقا، زىبۇزىننەت ئىچىدە چوڭ بولىدىغان، مۇنازىرىدە مەقسىتىنى ئوچۇق بايان قىلالمايدىغان قىزلارنى مەنسۇپ قىلامدۇ؟». [سۈرە زۇخرۇپ 18-ئايەت].

ئاللاھ كەڭرىچىلىك بەرگەنكەن سىز تارلاتماڭ. ئاياللىنىڭ ئېرىنىڭ ئۆيىدە ھىجابنى لازىم تۇتۇشى ئىماننىڭ بۇيۇك مەرتىۋىسىدىن ئەمەس. ئۆيىڭىز بەرىكەتلىك بولۇشىدىكى سەۋەبلەردىنمۇ ئەمەس. شەرىئەت رىغبەتلەندۈرگەن ئەدەپ-ئەخلاقلاردىنمۇ ئەمەس.

ئاللاھنىڭ شەرىئىتىدە مۇستەھكەم تۇرۇش، شۇبھىلىك ئىشلاردىن يىراقلىشىش ئارقىلىق ئاللاھنىڭ بەرىكىتى بولىدۇ. ئاللاھ سىز ۋە ئايالىڭىزغا پايدىلىنىش ئۈچۈن رۇخسەت قىلىنغان بارلىق ئىشلاردىن بەھرى ئېلىشىڭىز مۇمكىن. ئايالىڭىزدىن سىز ئۈچۈن ياسىنىشى ۋە

گۈزەللىنىشىنى تەلەپ قىلىڭ، شۇنداقلا ياخشىلىق ۋە بەرىكەتنىڭ شۇنىڭدا ئىكەنلىكىنى دەل شۇ ۋاقىتتا بىلىپ يېتىسىز ئىنشائاللاھ.

جانابى ئاللاھ ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.